3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنەيلى، ئىزچىللاشتۇرايلى

تىرىشىپ يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقايلى

كەيپىيات كۆتۈرەڭگۈ بولدى ئىستېمال جانلاندى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

قورۇملارنى چىقىرىپ، ئىستېمالچىلارنى يېشىل ئىستېمالغا يېتەكلىدى. ئۈرۈمچى شەھىرى دوستلۇق جەنۇبىي يولىغا جايلاشقان شۈنشۈي بېلىق ئاشخانىسىدا شەھەر ئاھالىسى جاڭ چيۈچيېڭ تاماق بۇيرۇتقاندا، مۇلازىم ئادەم سانىغا ئاساسەن بېلىقنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى ۋە قورۇما تاللاش تەكلىپىنى بەردى.

«ھازىر ئاشخانىلار بىزگە تەكلىپ بېرىدۇ، ئېھتىياجغا قاراپ تاماق بۇيرۇتىمىز، بۇنداق بولغاندا ئىسراپچىلىقتىن ساقلانغىلى بولىدۇ» دېدى جاڭ چيۈچيېڭ.

«دەم ئېلىش مەزگىلىدە يېمەك ـ ئىچمەك بازىرىنىڭ ئىستېمالى قىزىپ كەتتى.» ئۈرۈمچى يېمەك ـ ئىچمەك مۇلازىمەت كەسپى جەمئىيىتىنىڭ باش كاتىپى بەي جىڭتاڭ مۇنداق دېدى: ئۈرۈمچى يېمەك ـ ئىچمەك ئىستېمال بازىرى كۆپ خىللىشىش، خاسلىشىش، سۈپەتلىكلىشىش دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشكە يۈزلەندى. يېمەك ـ ئىچمەك خاسلىقى، تەمى، ھېس قىلىشچانلىقى قاتارلىقلار ئىستېمالچىلارنىڭ يېڭى ئىنتىلىشىگە ئايلاندى؛ كونا داڭلىق ماركا، خاس يېمەك ـ ئىچمەك، يەرلىك يېمەكلىك قاتارلىقلار ساياھەتچىلەرنىڭ ياقتۇرۇشىغا ئېرىشتى؛ تېز تاماق، چاي ـ ئىچىملىك، كېچىلىك تاماق قاتارلىقلار ئاممىنىڭ ئارام ئېلىش، كۆڭۈل ئېچىش ئىستېمال ئېھتىياجىنى تېخىمۇ قاندۇردى.

چوڭ تاۋارلارنىڭ سېتىلىشى تېز بولدى

10 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى، ئۈرۈمچى ئىقتىساد ـ تېخنىكا تەرەققىيات رايونى(تۇدۇڭخابا رايونى) ۋەندا مەيدانى سۇنىڭ يىگوۋ دۇكىنىدا، «90 ـ يىللاردا تۇغۇلغان» شەھەر ئاھالىسى ۋۇ يىڭشىن تويلۇق ئۆيىگە زۆرۈر بۇيۇملارنى سېتىۋېلىۋاتاتتى، «باھانى سېلىشتۇرغاندا، دۆلەت بايرىمىلىق سېتىشنى ئىلگىرى سۈرۈش سالمىقى ھەقىقەتەن چوڭ بوپتۇ، بىر يۈرۈش ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرىدىن خېلى كۆپ پۇل تېجەپ قالغىلى بولىدىكەن، يەنە يان تېلېفوندا تالون چۈشۈرسەك، بىۋاسىتە ئىشىك ئالدىغىچە يەتكۈزۈپ بېرىدىكەن، ئەرزان ھەم قولايلىق ئىكەن».

شىنجاڭ سۇنىڭ يىگوۋنىڭ باش دىرېكتورى خەن لىي مۇنداق تونۇشتۇردى: دۆلەت بايرىمى مەزگىلىدە سۇنىڭ سېتىلىشى ئەڭ ياخشى تاۋاردىن 100 مىڭنى تەييارلىدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، توشۇسا كېمەيتىش، يۈرۈشلۈك سېتىۋالغان تاۋار سومىسى بەلگىلەنگەن سوممىغا توشسا شۇ مەيداندىكى ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرىدىن سوۋغا قىلىش قاتارلىق ئېتىبارلار، ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرىنىڭ كونىسىنى يېڭىغا ئالماشتۇرۇش، يېشىل ئېنېرگىيە تېجەش تولۇقلىمىسى، يۈرۈشلۈك سېتىۋېلىشقا ئېتىبار بېرىش قاتارلىق تەدبىرلەرنىڭ ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرىنىڭ سېتىلىش مىقدارىنى ئاشۇرۇشتا ئۈنۈمى ئىنتايىن كۆرۈنەرلىك بولدى.

مۇخبىر ھەرقايسى ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرى چوڭ سودا سارايلىرىدا خېرىدارلارنىڭ كۆپ خىللاشقان ۋە خاسلاشقان ئېھتىياجىنى ئاساس قىلغان يېشىل، ئەقلىي ئىقتىدارلىق ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرى ئىستېمالنىڭ ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسىغا ئايلانغانلىقىغا دىققەت قىلدى.

خەن لىي مۇنداق تونۇشتۇردى: ئەقلىي ئىقتىدار دەۋرىنىڭ يېتىپ كېلىشىگە ئەگىشىپ، ئەقلىي ئىقتىدارلىق تاۋارلارنىڭ سېتىلىشى سەل قىزىدى، تۇرمۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرىدىغان ۋە ياخشىلايدىغان تۈرلۈك ئەقلىي ئىقتىدارلىق ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرى ئىستېمالچىلارنىڭ تېخىمۇ ياقتۇرۇشىغا ئېرىشتى.

10 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنىدىن 8 ـ كۈنىگىچە، شىنجاڭ خەلقئارا يىغىن ـ كۆرگەزمە مەركىزى خەلققە نەپ يەتكۈزۈش ئاپتوموبىل سېتىۋېلىش بايرىمى ئۆتكۈزدى. ئاپتوموبىل كۆرگەزمىسىدە ئاپتوموبىل سېتىۋالغاندا، ئىستېمالچىلار ئەڭ يۇقىرى بولغاندا 3500 يۈەن ياردەم تولۇقلىمىسىغا ئېرىشەلەيدۇ، ھەرقايسى چوڭ ئاپتوموبىل سۈپەتلىك ماركا كۆرگەزمە سودىگەرلىرىمۇ ئاپتوموبىل سېتىۋېلىش سوۋغىسىنى يولغا قويۇپ، ئاپتوموبىل ئىستېمال بازىرىنىڭ جانلىنىشىغا تۈرتكە بولدى.

شەھەر ئاھالىسى چېن شياڭجۈن ئاپتوموبىل كۆرگەزمىسىدە كونا ئاپتوموبىلىنى بىر SUV ئاپتوموبىلغا ئالماشتۇرۇپ سېتىۋالدى، «دەم ئېلىش مەزگىلىدە تۈرلۈك ئېتىبار بېرىش ياردەم تولۇقلىمىسىنىڭ سالمىقى بىرقەدەر چوڭ بولدى، ھەممىسى ھەقىقىي مەنپەئەت يەتكۈزىدۇ، كونا ئاپتوموبىلنى يېڭىغا ئالماشتۇرۇش بىرقەدەر ئەرزان توختايدۇ» دېدى ئۇ.

سانلىق مەلۇماتلاردا كۆرسىتىلىشىچە، دەم ئېلىش مەزگىلىنىڭ ئالدىنقى ئۈچ كۈنىدە، تۈرلۈك ئاپتوموبىل سېتىشنى ئىلگىرى سۈرۈش پائالىيەتلىرى ئاپتوموبىللارنىڭ سېتىلىش مىقدارىنىڭ بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن %38.56 ئېشىشىغا تۈرتكە بولغان.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

بىز شۇنى ئۇنتۇپ قالمايمىزكى، پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش قانۇنىيىتىگە بولغان تونۇش ۋە ئىگىلەشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى شەكىللەندۈرۈپ، شىنجاڭ خىزمىتىنىڭ توغرا يۆنىلىشىنى بويلاپ ئۈزلۈكسىز ئالغا ئىلگىرىلىشىگە يېتەكچىلىك قىلدى.

بىز شۇنى ئۇنتۇپ قالمايمىزكى، دۆلەت ۋە شىنجاڭغا ياردەم بېرىۋاتقان ئۆلكە، شەھەرلەر شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشتە ئۇزاققىچە چىڭ تۇرۇپ، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشنىڭ ئۇنىۋېرسال ئۈنۈمىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، ياردەم بېرىش سالمىقىنى سىجىل زورايتىپ، خەلق تۇرمۇشى بەخت ـ سائادىتىنى سىجىل ياخشىلاپ، «قان ئىشلەش» قۇرۇلۇشىنى سىجىل ئالغا سىلجىتىپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىگە كۈچلۈك تۈرتكە بولدى.

ئاپتونوم رايون قۇرۇلغان 65 يىللىق مۇساپە شۇنى قايتا ـ قايتا ئىسپاتلىدىكى، كۈنسېرى قۇدرەت تېپىۋاتقان دۆلىتىمىزلا شىنجاڭنىڭ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىشى، تىنچ ـ ئىناق بولۇشىدىكى يۆلەنچۈك.

ئالتۇن كۈزدىكى 10 ـ ئايدا، شىنجاڭلىقلارنىڭ ئېرىشكىنى پەقەت 2020 ـ يىلدىكى مول ھوسۇل بولۇپلا قالماي، تېخىمۇ مۇھىمى دىققەتنى باش نىشانغا مەركەزلەشتۈرىدىغان ئىشەنچ ۋە بۈگۈنكى كۈندە قايتىدىن ھالقىشقا قەدەم باسىدىغان جۇشقۇن ھېسسىيات بولدى.

قارىسام چوغدەك قىزارغان بارچە تاغ، قاتمۇقات ئورمان تامام ئىچكەن بوياق. دۆلەت بايرىمى بىلەن جۇڭچيۇ «ئۇچراشقان» بۇ قېتىمقى ئۇزاق دەم ئېلىشتا، بىز بۇ ئازادىلىك ۋە خاتىرجەملىكتىن بەھۇزۇر ھۇزۇرلاندۇق، چۈنكى بىزنىڭ ئىشەنچىمىز تولۇق:

ئىشىنىمىزكى، ھەرقانداق قىيىنچىلىق جۇڭگونىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش قەدىمىنى توسۇپ قالالمايدۇ؛

ئىشىنىمىزكى، يىقىملىق «جۇڭگو نامىلىق» غايەت زور پاراخوت چوقۇم سىزنى ۋە مېنى بىز تەلپۈنگەن، يەتمەكچى بولغان بەخت مەنزىلىگە يەتكۈزىدۇ؛

ئىشىنىمىزكى، ئىتتىپاق ـ ئىناق، ئاۋات ـ باي، مەدەنىي بولغان، تەرەققىي قىلغان، خاتىرجەم ياشايدىغان، خۇشال ـ خۇرام ئىشلەيدىغان، ئېكولوگىيەسى ياخشى بولغان يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ چوقۇم كىشىلەر ئالدىدا نامايان بولىدۇ.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

تيەنجىن كەسپىي تېخنىكا سىفەن داشۆسىدە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى ئابدۇمجىت ئابدۇرەخەت مۇخبىرغا بۇلتۇر مەكتەپ مىكرو سىن مۇسابىقىسى ئۇيۇشتۇرغاندا، يان تېلېفوندا سىنغا ئالغان كەنتتىكى ئۆزگىرىشلەرنىڭ ئوقۇتقۇچى ۋە ساۋاقداشلىرىنىڭ ماختىشىغا ئېرىشكەنلىكىنى ئېيتتى، «ئاددىي، قەدىمىي ھەم ھاياتىي كۈچكە تولغان ئەنئەنىۋى كەنت ساۋاقداشلىرىم تەلپۈنىدىغان جايغا ئايلاندى، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ يۇرتۇمغا كېلىپ كۆرۈپ باققۇسى كەلدى، مەن كۆڭلۈمدە بۇنىڭدىن ناھايىتى پەخىرلەندىم» دېدى ئۇ.

«بىرخىللا ئەندىزە»دىن كۆپ خىل يوللار ئارقىلىق كىرىمنى ئاشۇرۇشقىچە

بۇ يىل 36 ياشقا كىرگەن لەڭگەر كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى گۈلئاچاي ئەلى ئىلگىرى بىر ئائىلە ئايالى ئىدى. 2019 ـ يىلى، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ يېقىن ئەتراپتىكى كەسپلەر باغچىسى، كەنت قۇرغان زاۋۇتتا ئىشلەمچىلىك قىلىش دولقۇنى ئۇنىڭغا تەسىر قىلدى، ئۇ باتۇرلۇق بىلەن ئۆيدىن چىقىپ، كەنت دېھقانلارنى يۆلەش ئۇنىۋېرسال كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپىنىڭ پىششىقلاش زاۋۇتىغا بېرىپ، بولكا پىشۇرىدىغان «قولى چېۋەر ئايال»غا ئايلىنىپ، ھەر ئايدا 2000 يۈەندىن ئارتۇق كىرىم قىلىدىغان بولدى. «ئۆزۈمنىڭ بۇنچىلىك كۆپ پۇل تاپالايدىغانلىقىمنى چۈشۈمدىمۇ ئويلاپ باقماپتىكەنمەن، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش تۇيغۇسى بەك ياخشى بولىدىكەن» دېدى گۈلئاچاي خۇشال ھالدا. نۆۋەتتە، لەڭگەر كەنتىنىڭ كەسپلەر باغچىسى 80 نەچچە ئادەمنى يېقىن ئەتراپتا، ئۆز جايىدا ئىشقا ئورۇنلىشىشقا جەلپ قىلدى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، لەڭگەر كەنتى سىياسەتنىڭ تۈرتكىسىدە، ئىلگىرىكى بىر خىللا تەرەققىيات ئەندىزىسىنى بۇزۇپ تاشلاپ، يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش دائىرىسىنى كېڭەيتىش ۋە كۆپ تۆللەيدىغان قىزىل قوي كەسپىنى يېتىلدۈرۈش، جۈگىي ئۆسۈملۈك دورىلىرى ئۆستۈرۈشنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنىڭ تۈپ چىقىش يولى قىلىپ، كەسپلەر باغچە رايونى قۇرۇش ئۈستىدە ئىزدىنىپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى تەدرىجىي تەڭشەپ، نامرات ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشى، ئىگىلىك تىكلىشىگە ياردەم بېرىپ، نامرات ئاممىنىڭ سىجىل، مۇقىم مەنپەئەتلىنىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

2017 ـ يىلى 12 ـ ئايدا، لەڭگەر كەنتىنىڭ 1 ـ شۇجىسى چودا كۆپ تۆللەيدىغان قىزىل قوينىڭ كۆپىيىش نىسبىتى يۇقىرى، سۈت ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى كۆپ، گۆش مىقدارى كۆپ بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە ئىكەنلىكىنى تۇنجى قېتىم بايقىدى ھەم شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك داشۆسىنى تەتقىق قىلىپ كۆپەيتىشكە تەكلىپ قىلدى، 2018 ـ يىلى خىزمەت ئەترىتى نامرات ئائىلە قەمەرنىسا ئابلاغا كۆپ تۆللەيدىغان چودا قىزىل قويىدىن بەشنى تارقىتىپ بەردى، ھازىر 16گە كۆپەيدى، بۇلتۇر ئۇ قوي سېتىپلا 10 مىڭ يۈەن كىرىم قىلدى. قەمەرنىسا مۇنداق دېدى: «ھازىر قوي بېقىشتىن سىرت، مەن يەنە ئىشىكىم ئالدىدا ئىشقا ئورۇنلىشىپ، ئۆزۈم يالغۇز ئىككى كىشىلىك كىرىمگە ئېرىشتىم، بۇنىڭدىن ناھايىتى رازى بولدۇم!»

«نامراتلىقتا قانائەت قىلىپ كونىلىقنى ساقلاش»تىن جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەشكىچە

بۈگۈنكى كۈندىكى لەڭگەر كەنتىنىڭ كەنت قىياپىتى يېڭىلاندى، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ھەممىسى تومپايدى، كۆڭۈللىرى بارغانسېرى قىزغىنلىققا تولدى.

«كەنت ئاھالىلىرىنىڭ روھىي قىياپىتىمۇ ئۆزگەردى، ئىلگىرى نامراتلىقتا قانائەت قىلىپ كونىلىقنى ساقلاش ئىدىيەسى ئېغىر ئىدى، ھازىر ھەممىسى كىرىمنى ئاشۇرۇپ بېيىش بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتتى.» كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى نۇرمەمەت ئۆمەر مۇنداق دېدى: كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى «بەخت كۈرەش قىلىشتىن كېلىدىغان» دېگەن ئورتاق تونۇشقا ئىگە بولدى.

لەڭگەر كەنتى كەنت پارتىيە ياچېيكىسى ۋە كەنت كومىتېتىنىڭ رولىنى ئۈنۈملۈك جارى قىلدۇرۇپ، ئىستىلنى ياخشىلاشقا، جان ـ دىل بىلەن كەنت ئاھالىلىرى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتىنى يېزىنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداشتىكى كۈچلۈك رەھبەرلىك يادروسى قىلىپ قۇرۇپ چىقتى.

كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتى ۋە كەنت «ئىككى كومىتېت»ى ئىقتىسادنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇش، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشقا ئەھمىيەت بېرىپلا قالماي، يەنە مەدەنىيەت، مائارىپ ئىشلىرىنى بىر تۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىشقا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، نامراتلارنى يۆلەشنى ئىرادە جەھەتتىن يۆلەش، ئەقىل جەھەتتىن يۆلەشكە بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، نامرات ئاممىنىڭ ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى سىجىل ئۇرغۇتتى. نۆۋەتتە، پۈتۈن كەنتتە 33 نامرات ئائىلە ئۆز ئالدىغا ئىگىلىك تىكلەپ، ئوتتۇرىچە ئايلىق كىرىمى 2500 يۈەندىن ئېشىپ، بىر تۈركۈم بېيىش باشلامچىلىرى بارلىققا كەلدى.

بۇنىڭدىن باشقا، پۈتۈن كەنتتىكى %80 نامرات ئائىلىدىكى ئاياللار كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرى دۇكىنى، تىككۈچىلىك دۇكىنى، ئۇششاق يېمەكلىكلەر دۇكىنى قاتارلىقلارنى ئېچىش ئارقىلىق ئۆز ئالدىغا ئىگىلىك تىكلەشنى ئىشقا ئاشۇردى. مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، پەرزەنت تەربىيەسىنى ياخشى تۇتۇش كەنت ئاھالىلىرى قىزغىن مۇھاكىمە قىلىدىغان تېمىغا ئايلاندى.

10 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى تىيانشان رايونلۇق قاتناش ساقچى چوڭ ئەترىتى شىنخۇا يولى ئوتتۇرا ئەترىتىنىڭ قاتناش ساقچىسى ئۈرۈمچى شىداچياۋدا ۋەزىپە ئىجرا قىلماقتا.

☐ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز ۋاڭ جېن فوتوسى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

يۇقىرى ھوسۇللۇق، يۇقىرى ئۈنۈملۈك ئىشلەپچىقىرىش تەجرىبىلىرى شەكىللەندۈرۈلدى. بۇ تۈرگە جەمئىي 31 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايوننىڭ پەن ـ تېخنىكا مەخسۇس تۈر ياردەم پۇلى 15 مىليون يۈەن. تۈرگە ئاساسەن شايار ناھىيەسىدە ھەر مو يەردىن 500 كىلوگىرام چىگىتلىك پاختا ئالغىلى بولىدىغان 5000 مولۇق يادرولۇق ئۈلگە كۆرسىتىش رايونى قۇرۇلۇپ، 500 مىڭ مو يەرگە تېخنىكىلىق تەسىر كۆرسەتكىلى بولىدۇ؛ ھەر مو يەردىن 450 كىلوگىرام چىگىتلىك پاختا ئالغىلى بولىدىغان 10 مىڭ مودىن ئارتۇق كۆلەمدىكى ئۈلگە كۆرسىتىش رايونى قۇرۇلۇپ، 500 مىڭ مو يەرگە تېخنىكىلىق تەسىر كۆرسەتكىلى بولىدۇ.

«شىنجاڭ سۈتچىلىكىدە يېڭىلىق يارىتىش تۈرى»گە جەمئىي 22 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايوننىڭ پەن ـ تېخنىكا مەخسۇس تۈر ياردەم پۇلى 10 مىليون يۈەن. بۇ تۈر شىنجاڭنىڭ سۈتچىلىك كەسپىنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىنى چۆرىدەپ، «سۈت مىقدارى يۇقىرى سۈت كالىسى باقمىچىلىقى ــ سۈت مەھسۇلاتلىرىنى تەتقىق قىلىپ ئېچىش، ئىشلەپچىقىرىش ــ سۈپەتلىك ماركا رىقابەت كۈچى» پۈتۈن كەسپ زەنجىرى مەسىلىسىنى يېتەكچى قىلىپ، ئورتاقلىققا ئىگە تېخنىكا ۋە ئاچقۇچلۇق تېخنىكا تەتقىقاتى، توپلاشتۇرۇش، كېڭەيتىش ۋە ئۈلگە كۆرسىتىشنى قانات يايدۇرۇپ، «سۈت كالىسى باقمىچىلىقى ــ سۈت مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاش ــ سۈپەتلىك ماركا ماركېتىڭى» پۈتۈن كەسپ زەنجىرىدە ئاچقۇچلۇق تېخنىكىلارنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ساھەلەرنىڭ مەھسۇلاتلارنى ئەلالاشتۇرۇپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش ۋە يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى تېخنىكا يولى ۋە تەتقىقاتتا ئۈلگە كۆرسىتىش بىلەن تەمىنلەيدۇ.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

رايونلىرىدا شەھەر تەسىس قىلىش قەدىمىنى تېزلىتىشنى قوللاپ، قۇرۇمقاش شەھىرى، ئېقىنتال شەھىرى قاتارلىقلارنى يېڭىدىن قۇردى. ھازىرغا قەدەر، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئىشتاتلىق شەھەر 30غا يەتتى، ئىشتاتلىق شەھەرنىڭ سانى «12 ـ بەش يىل»نىڭ ئاخىرىدىكىدىن بەشى كۆپەيدى. بۇنىڭ ئىچىدە ۋىلايەت دەرىجىلىك شەھەردىن ئىككىسى كۆپەيدى.

شەھەر بوشلۇقىنى كېڭەيتىش جەريانىدا، شەھەر ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشىمۇ پۇختا قەدەم بىلەن ئىلگىرى سۈرۈلدى. 2019 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى بارلىق شەھەرلەردە تۇرمۇش ئەخلەتلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارى تولۇق قاپلاش(بىڭتۈەننى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ) ئىشقا ئاشۇرۇلدى، شەھەر ـ بازارلاردىكى تۇرمۇش ئەخلەتلىرىنى كۆمۈپ بىر تەرەپ قىلىش مەيدانىدىن 103ى قۇرۇپ چىقىلدى، زىيانسىزلاشتۇرۇپ بىر تەرەپ قىلىش نىسبىتى 2015 ـ يىلدىكى %66.47تىن 2019 ـ يىلدىكى تەخمىنەن %88كە ئۆستى.

شەھەر كۆلىمى كېڭىيىش بىلەن بىللە، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتىمۇ كۆرۈنەرلىك ئۆزگىرىش بولدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزدا كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان باغچە يېشىللىق كۆلىمى ئۈزلۈكسىز كۆپەيدى، ھەر خىل باغچە يېشىللىق يېرى ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ شەھەر رايونى دائىرىسىگە تارقىلىپ، «بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىسىلا يېشىللىقنى كۆرۈش» «قەدەم ئالسىلا باغچىغا بېرىش» ئىشقا ئاشۇرۇلدى. بۇنىڭدىن باشقا، ئاپتونوم رايونىمىز يەنە بۇلۇت شەھەر، سۇ تېجەش تىپىدىكى شەھەر قۇرۇلۇشىنى كۈچەپ ئالغا سىلجىتىۋاتىدۇ، شەھەرلەر سىجىل «چوڭىيىۋاتىدۇ» «ياخشىلىنىۋاتىدۇ».

(بېشى 1 ـ بەتتە)

رايون، دۆلەت ئىچىدىكى 30 ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، شەھەر ھەمدە ئامېرىكا، ئاۋستىرالىيە، گوللاندىيە قاتارلىق 15 دۆلەت ۋە رايونغا كېڭەيتتى. نۆۋەتتە، بۇ باغچە رايونىدا 30 نەچچە ئۇرۇقچىلىق باشلامچى كارخانىسى بار بولۇپ، قوناق، بۇغداي، شوخلا، قوغۇن ـ تاۋۇز قاتارلىق كۆپ خىل ئەلا سۈپەتلىك يېڭى سورتلارنى يېتىشتۈرۈۋاتىدۇ. «غەربىي قىسىم ئۇرۇقچىلىق مەركىزى» بۇ جايدا شەكىللىنىۋاتىدۇ.

كۈزلۈك يىغىم مەزگىلىدە، سانجى دۆلەت يېزا ئىگىلىكى پەن ـ تېخنىكا باغچە رايونىنىڭ لاۋلۇڭخې ئۈلگە كۆرسىتىش رايونىدىكى كېۋەزلىكتە سانجى شەھىرى نۇڭجىشىن يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپىنىڭ پاختا يىغىش ماشىنىلىرى پاختا يىغىۋاتاتتى. بۇ يەردە كېۋەز تېرىش، پاختا يىغىشتا پۈتۈن مۇساپىلىك ماشىنىلاشتۇرۇش ھەتتا ئەقلىي ئىقتىدارلاشتۇرۇش ئىشقا ئاشۇرۇلغان بولۇپ، نۇڭجىشىن ھەمكارلىق كوپېراتىپى پۈتۈن مەملىكەت بويىچە 20 كۈچلۈك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپى قاتارىغا كىردى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، سانجى دۆلەت يېزا ئىگىلىكى پەن ـ تېخنىكا باغچە رايونى نەرسە تورى، 3S تېخنىكىسى، بۇلۇت مۇلازىمىتى قاتارلىق ئالدىنقى قاتاردىكى پەن ـ تېخنىكا ۋاستىلىرىنى تولۇق قوللىنىپ، يېزا ئىگىلىك پۈتۈن كەسپ زەنجىرىدە بىر گەۋدىلەشكەن ئۇچۇر تىرىكى سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرۈپ، «ئالاقە تورى +» زامانىۋى يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئۇلۇغۋار پىلانىنى تۈزۈپ چىقتى.

10 ـ ئايدا جۇجۇنىڭ مول ھوسۇل پەسلىگە كىرىشىگە ئەگىشىپ، شىنجاڭ جىڭشىڭ ئۇزۇقلۇق تەتقىقات يۈرتى(چەكلىك شىركىتى) يەنە يېڭى بىر نۆۋەتلىك جۇجۇ تالقىنى ئىشلەپچىقىرىش پەسلىنى كۈتۈۋالدى. بۇ شىركەت جۇجۇ، نوقۇت، بۇغداي ۋە قوناق قاتارلىق دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنى ئىنچىكە پىششىقلاشقا كۈچ چىقىرىدۇ. «بىز ئىشلەپچىقارغان جۇجۇ تالقىنى ۋە دوتەي پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا سېتىلىدى» دېدى بۇ شىركەتنىڭ باش دىرېكتورى خوۋ فۇلياڭ.

سانجى دۆلەت يېزا ئىگىلىكى پەن ـ تېخنىكا باغچە رايونى زامانىۋى يېزا ئىگىلىكتە ئىنچىكە پىششىقلاش بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش رايونىنى ۋاستە قىلىپ، جىڭشىڭ ئۇزۇقلۇق تەتقىقات يۈرتىغا ئوخشاش خۇيېر، چاڭلياڭ گۇرۇھى، دابېينوڭ قاتارلىق 50 نەچچە باشلامچى كارخانىنى كىرگۈزۈپ، يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاش، يېزا ئىگىلىك بىيو تېخنىكىسى، يېزا ئىگىلىك ئەشيالىرى، يېزا ئىگىلىك ماشىنا ـ جابدۇقلىرى قاتارلىق كەسپلەرنىڭ توپلىنىپ تەرەققىي قىلىشىنى ئىشقا ئاشۇردى.

دۆلەت بايرىمى مەزگىلىدە، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك كۆرگەزمە باغچىسىدا ساياھەتچىلەر ئىنتايىن كۆپ بولدى. سانجى دۆلەت يېزا ئىگىلىكى پەن ـ تېخنىكا باغچە رايونى ساياھەت ئارقىلىق شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى زور كۈچ بىلەن ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، دۆلەت يېزا ئىگىلىك باغچىسى قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىپ، يىنشياڭ شيۇ خەلقئارا مەدەنىيەت ـ ساياھەت كەسپلەر باغچىسى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك كۆرگەزمە باغچىسى، خۇاشىڭ يىۋىيىۋ جىلغىسى، لاۋلۇڭخې توغراقلىق مەنزىرە رايونى قاتارلىق نۇقتىلىق تۈرلەرنى يولغا قويۇپ، يېزا ئىگىلىكنىڭ ساياھەت، ئىستىراھەت، مائارىپ، مەدەنىيەت، ساغلاملىق، كۈتۈنۈش قاتارلىق كەسپلەر بىلەن چوڭقۇر يۇغۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈردى، پەن ـ تېخنىكا ھەمكارلىقى يەرمەنكىسى، ئۈرۈك يەرمەنكىسى، جۇخارگۈل بايرىمى قاتارلىق چوڭ تىپتىكى كۆرگەزمە ـ بايراملار گىرەلەشتى، تەتقىق قىلىش ـ ئۆگىنىش ساياھىتى قاتارلىق يېڭى كەسپ ھالەتلىرى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى.

يېزا ئىگىلىكنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش تېگى ـ تەكتىدىن ئېيتقاندا خەلق تۇرمۇشىغا نەپ يەتكۈزۈش ئۈچۈندۇر. سانجى دۆلەت يېزا ئىگىلىكى پەن ـ تېخنىكا باغچە رايونى نەتىجىلەرنى ئايلاندۇرۇش ۋە كېڭەيتىپ قوللىنىشنى كۈچەيتىپ، «دېھقانلارغا ئىشلەپ كۆرسىتىش، دېھقانلارغا ئىشلەشنى ئۆگىتىش، دېھقانلارنى بېيىشقا يېتەكلەش»نى ئىشقا ئاشۇردى. باغچە رايونىدىكى بۇغداي، كېۋەز، پىششىقلىنىدىغان شوخلىدىن ئىبارەت ئۈچ خىل ئاساسلىق زىرائەتنىڭ ئوتتۇرىچە بىرلىك ھوسۇلى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيەسىدىن %25.4، %35، %34.4 يۇقىرى بولدى.

بۈگۈنكى كۈندە، سانجى دۆلەت يېزا ئىگىلىكى پەن ـ تېخنىكا باغچە رايونىدا يېڭىلىق يارىتىش سۈپىسى قۇرۇلۇشى، يېڭىلىق يارىتىشچان ئىختىساسلىقلار قوشۇنى قۇرۇلۇشى، پەن ـ تېخنىكا بويىچە يېتىشتۈرۈش سىستېمىسى قۇرۇلۇشى، تەتقىق قىلىپ ئېچىش مەبلىغى سېلىنما مېخانىزمى قۇرۇلۇشى بىر گەۋدە قىلىنغان پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش سىستېمىسى شەكىللىنىپ، پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارى ئۈنۈملۈك ئۆسۈپ، 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ كەسىپنىڭ يۇغۇرۇلۇشى تېزلەشتى.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)